سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ)** 2013 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 2014 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە، پۈتۈن پارتىيەدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، خەلقنى كۆزلەش، ئەمەلىيەتچىل، پاك بولۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەت پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدا چىقىرىلغان بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر بولۇپ، پارتىيەلىك كادىرلارنى ئاساسىي مەقسەت ئېڭى ۋە ماركسىزملىق ئاممىۋى قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلاپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغان.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق كۆردى. 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتى خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، پائالىيەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان ـ تەلىپى، ئۇسۇل ـ قەدەم ـ باسقۇچى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى. 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى، پائالىيەت رەسمىي باشلاندى.

پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك ئورگانلىرى، رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلدى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى باشلامچىلىق بىلەن قانات يايدۇردى. پائالىيەتتە «ئەينەككە قاراش، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈش، يۇيۇنۇش، داۋالىنىش»تىن ئىبارەت باش تەلەپ بويىچە، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق ساھە چىڭ تۇتۇلۇپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىق، راھەتپەرەسلىك ۋە ھەشەمەتچىلىكتىن ئىبارەت «تۆت خاھىش» مەسىلىسى مەركەزلىك تۈزىتىلدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى ئالاقىلىشىش نۇقتىسى قۇردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ خېبېينى ئالاقىلىشىش نۇقتىسى قىلىپ، تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئۈلگە بولۇپ باشلامچى بولدى ۋە ئالغا سىلجىتتى.

بۇ قېتىمقى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، پارتىيەنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ۋە ئوبرازى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىكلىنىپ، پارتىيە رايى، ئەلرايى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇجەسسەملىنىپ، پۈتۈن پارتىيەدە تېخىمۇ كۆپ يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىدىيە جەھەتتە، تەشكىلىي جەھەتتە، ئىستىل جەھەتتە مۇھىم تەييارلىق كۆرۈلۈپ، ئىسلاھات ـ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچى شەكىللەندۈرۈلدى.

# ئۈرۈمچىدىكى ئوتلاقلارنىڭ كۆركەملىك دەرىجىسى بارغانسېرى ئۆستى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«2003 ـ يىلى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ‹شەھەر ئەتراپىدىكى ئوتلاقلاردا چارۋا بېقىشنى مەنئى قىلىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش›نى ئېلان قىلدى، 2004 ـ يىلدىن باشلاپ، شەھەر ئەتراپىدىكى 165 مىڭ مو ئوتلاقتا چارۋا بېقىشنى مەنئى قىلىش يولغا قويۇلدى.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتلاق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پونكىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى فېڭ لىتاۋ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: چارۋا بېقىشنى مەنئى قىلىش رايونىنى بەلگىلەش، چارۋا بېقىش مەنئى قىلىنغان رايونلاردا چارۋا بېقىشنى مەنئى قىلىش بويىچە يەم ـ خەشەك ئېتىزى بەرپا قىلىش ۋە ئوتلاقنى قاشالاش، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش پونكىتى قۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنىڭ سىجىل ناچارلىشىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە توسۇلدى، 2010 ـ يىلغا كەلگەندە، شەھەر ئەتراپىدىكى چارۋا بېقىش مەنئى قىلىنغان ئوتلاقلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر خېلى ياخشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

2011 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش بويىچە ياردەم پۇلى بېرىش، مۇكاپاتلاش مېخانىزمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 16 مىليون 320 مىڭ مو ئوتلاقنى مۇكاپاتلاش ـ ياردەم پۇلى بېرىش مېخانىزمىغا كىرگۈزۈپ، «پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش، قوغداشقا سەل قاراش»تىن «ئىشلەپچىقىرىش، ئېكولوگىيەنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش»قا ئۆزگەرتتى.

«50%كە يېقىن ئوتلاقتا چارۋا بېقىشنى مەنئى قىلىش يولغا قويۇلۇپ، قالغان چارۋا بېقىشقا ماس كېلىدىغان ئوتلاقلاردا ئوتلاق ـ چارۋىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.» فېڭ لىتاۋ مۇنداق دېدى: دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيە مۇكاپاتلاش ـ ياردەم پۇلى بېرىش مېخانىزمىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى چارۋا بېقىش مەنئى قىلىنغان رايونلارنى قوغداشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، چارۋىچىلارنىڭ ئوتلاق بىلەن چارۋىلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا قارىتا سان چەكلىمىسىنى يولغا قويۇپ، كۆتۈرۈش ئىقتىدارى بويىچە چارۋا بېقىپ، ئوتلاقنى دەم ئالدۇرۇپ ئوڭشىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى رايون(ناھىيە)لار يەنە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئوتلاق باشقۇرغۇچى، قوغدىغۇچى سەپلەپ، ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن ـ نىزام تەشۋىقاتىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ باردى؛ ئوتلاقتا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، سەييارە قوغداش، ئوت مەنبەسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى؛ ئوتلاقتىكى ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ھەم ئوتلاققا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى؛ چارۋا بېقىش مەنئى قىلىنغان رايونلارنى سەييارە تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، شەھەر، ناھىيە(رايون)، يېزا ـ كەنت(مەيدان) ئۈچ دەرىجىلىك ئوتلاقنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئىگىلىنىشچە، چارۋا بېقىش مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئوتلاقلىرىدىكى سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپنىڭ تۈرى ھەم مىقدارى 20% ئاشقان، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 157% ئاشقان، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 166% ئاشقان، ئورمان، ئوتلاق رايونىنىڭ سۇ ـ تۇپراق ئېقىپ كېتىشى تۈپتىن تىزگىنلىنىپ، قۇم ئۇچۇش يۈز بېرىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن.

فېڭ لىتاۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى ئوغرىلىقچە چارۋا بېقىش، ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارغا داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىدۇ؛ چارۋا بېقىش مەنئى قىلىنغان ئوتلاقلارنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىشانىغا يەتكەن ئوتلاقلاردا پىلانلىق ھالدا چارۋا بېقىشنى مەنئى قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ؛ ئوتلاق ئېكولوگىيەسى مۇكاپاتلاش ـ ياردەم پۇلى بېرىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتىجە ـ ئۈنۈمى بىلەن مۇكاپاتلاش، ياردەم پۇلى بېرىش سالمىقى زىچ باغلانغان مەنپەئەتنى تۇتاشتۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتلاقنى ئاڭلىق قوغداش ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭنىڭ مېۋىچىلىك كەسپى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ دەرىجىسى ئۆستى، ئالاقىدار كارخانىلار لىنىيە بويىدىكى بازارلارنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، ئەلا سۈپەتلىك مېۋىلەرنى چەت ئەللەرگە چىقاردى.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىكى خىزمەتچى خادىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ تاموژنا ئېكسپورت قىلىنغان مېۋىلەرنىڭ پەرۋىش قىلىش، دورا ئىشلىتىش، پىششىقلاپ ئوراش ـ قاچىلاش ھالقىلىرىدا ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى قوللىنىلغان بولۇپ، تاموژنا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خادىملىرى ئېكسپورت قىلىنىدىغان دۆلەتنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆستۈرۈشتىن تارتىپ ئۈزۈشكىچە بولغان پۈتۈن جەريانىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرىدىكەن ھەمدە ئۆستۈرۈش جەريانىدىكى كېسەل، ھاشارات زىيىنىنى كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىقلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، مېۋىلەرنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

«چەت ئەل بازىرىنى ئېچىشتا پۇرسەت بىلەن خەۋپ ـ خەتەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مېۋىلىرىنىڭ سۈپىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى، ھازىر ساھەدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ناھايىتى ئىشەنچىسى بار» دېدى شىنجاڭ كېچۈاڭ مېۋە ئۆستۈرۈش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى نيۇ شۇسېن.

---

### خەلق قەھرىمانى لىيۇ خېيۋاڭ:

# ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىق

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

لىيۇ خېيۋاڭنىڭ سۈرىتى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۆكخوت، 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر خالىنا)** شىلىنغول ئايمىقى جېڭلەن خوشۇنلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خابىرىگا بازارلىق ساقچىخانىسىغا كىرگەندە، ساقچىخانىنىڭ شەرەپ ئۆيىدىكى باش ئورۇندا ئىنقىلابىي قۇربان لىيۇ خېيۋاڭنىڭ ئىش ئىزلىرى تەشۋىقات تاختىسى كۆرگەزمە قىلىنغان بولۇپ، ھەربىر پارچە قىممەتلىك سۈرەت ۋە يىللارنىڭ ئىزى بېسىلغان ئىش ئىزلار توغرىسىدىكى ھەربىر خەۋەر ساقچىخانىدىكى بارلىق خەلق ساقچىلىرىنى ھەر ۋاقىت رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

لىيۇ خېيۋاڭ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ فېڭنىڭ ناھىيەسىدىن، 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تۇغۇلغان، 1964 ـ يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان، تۆت يىلدىن كېيىن ئارمىيەدىن چېكىنىپ، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جاۋۇدا ئايمىقى دالىنۇر ھەربىي ئات فېرمىسىدا قوراللىق بۆلۈمنىڭ كادىرى بولغان. قىسمىدىكى مەزگىلدە، لىيۇ خېيۋاڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ جاپالىق مەشىق قىلغان، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم تەقدىرلەنگەن، بەشتە ياخشى جەڭچى بولۇپ باھالانغان ھەم شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1976 ـ يىلى، لىيۇ خېيۋاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جېڭلەن خوشۇنلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئارىخۇبۇ يېزىسى، ۋۇرتۇتالا يېزىسىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خاس ۋەكىلى بولغان، 1994 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خابىرىگا يېزىلىق ساقچىخانىغا يۆتكىلىپ ساقچىخانا باشلىقى بولغان.

1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭجياكوۋ شەھىرىدىن جېڭلەن خوشۇنىغا كەلگەن خەن XX، لى XX خابىرىگا يېزىسىنىڭ چىڭفېڭ كەنتىدە ھاراق ئىچكەن، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان خەن XX بىر پىششىق يېمەكلىك دۇكىنىغا كىرىپ دۇكان ئىگىسى بىلەن تاكاللىشىپ قالغان، خەن XX تۇيۇقسىز يېنىدىن تاپانچا چىقىرىپ ئوق چىقارغان، ئوق دۇكان ئىگىسىنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن سىيىپاپ ئۆتۈپ كەتكەن. دۇكان ئىگىسىنىڭ ئوغلى دەرھال تېلېفون قىلىپ، شۇ چاغدا خابىرىگا ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان لىيۇ خېيۋاڭغا دېلو مەلۇم قىلغان. بىر كۈن خىزمەت قىلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن لىيۇ خېيۋاڭ تېلېفوننى قويۇپ، دەرھال قولچىرىغى، ساقچى كالتىكىنى ئېلىپ نەق مەيدانغا بارغان. ئۇ ئۆزى يالغۇز نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، قارا نىيەت خەن XX قاچماقچى بولۇۋاتقان بولۇپ، لىيۇ خېيۋاڭ دەرھال ئۇنى قوغلىغان. خەن XX كەينىدىن بىرىنىڭ قوغلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ لىيۇ خېيۋاڭغا قاراپ ماڭغان، لىيۇ خېيۋاڭنىڭ گەپ سورىشىنى كۈتمەيلا، لىيۇ خېيۋاڭغا مۇشت ئاتقان، ئۇنىڭ شېرىكى لى XX مۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دېۋەيلەپ كەلگەن. كۈچلۈك، قاۋۇل ئىككى قارا نىيەت ئالدىدا، لىيۇ خېيۋاڭ قىلچە قورقماي، ساقچى كالتىكىنى ئوينىتىپ قايتۇرما زەربە بېرىپ، قارا نىيەتلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشقان. ئېلىشىش جەريانىدا، ۋەھشىي لى XX قورالنى چىقىرىپ لىيۇ خېيۋاڭنىڭ بېشىغا ئىككى پاي ئوق ئاتقان، لىيۇ خېيۋاڭ نەق مەيداندا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئاران 49 ياشتا ئىدى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان 18 يىلدا، لىيۇ خېيۋاڭ خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم شىلىنغول ئايماقلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى، جېڭلەن خوشۇنلۇق ھۆكۈمەت ۋە خوشۇنلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، ئاممىغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

1991 ـ يىلى قىش پەسلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، بىر يۈك ئاپتوموبىلى ۋۇرتۇتالا يېزىسىنىڭ ۋۇرتۇ كەنتىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، يۈك تاڭغان ئارغامچا بوشاپ كېتىپ، رەخت، كىيىم ـ كېچەك، يۈك يىپ قاتارلىق ماللار ئاپتوموبىلدىن توختىماي چېچىلىپ چۈشكەندە، شۇ جايدىكى چارۋىچىلار تېرىۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن. مال ئىگىسى لىيۇ خېيۋاڭنى تېپىپ دېلو مەلۇم قىلغان، ئۇ مال ئىگىسىنى باشلاپ ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ زېرىكمەي ـ تېرىكمەي نەسىھەت قىلىپ، چارۋىچىلارنى تېپىۋالغان ماللارنى تاپشۇرۇشقا قايىل قىلغان، ئاخىرىدا قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان مالنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ مال ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. 20 كۈندىن كېيىن، مال ئىگىسى ھاراق ـ تاماكا سوۋغا قىلىپ رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلغان.

1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋان ــ جەرەننى ئوغرىلىقچە ئوۋلاشقا زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىدە، لىيۇ خېيۋاڭ 20دىن ئارتۇق جەرەننى ئېلىپ ماڭغان بىر ئاپتوموبىلنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرگەن، ئاپتوموبىل ئىگىسى لىيۇ خېيۋاڭنى ئىزدەپ ئارىغا ئادەم قويۇپ، ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تاپان ھەققى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لىيۇ خېيۋاڭ نەق مەيداندا كەسكىن رەت قىلىپ، بۇ قېتىمقى ئوغرىلىقچە جەرەن ئوۋلاش دېلوسىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلغان.

لىيۇ خېيۋاڭ ئارىخۇبۇ يېزىسى، ۋۇرتۇتالا يېزىسىدا خاس خادىم بولغاندا، يېزا(سۇم)لىق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. كۈزدە ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، قىشتا ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش توغرىسىدا، لىيۇ خېيۋاڭ ۋە ئەدلىيە ياردەمچىلىرى يېزا ـ كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ ئاممىغا قانۇن تەشۋىق ـ تەربىيەسى قانات يايدۇرغان. مەيلى دېلو چوڭ ـ كىچىك بولسۇن، بوران چىقىپ، يامغۇر ياغسۇن، ئۇ دېلو تاپشۇرۇۋالغان ھامان بېرىپ، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان، ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئارىخۇبۇ يېزىسى، ۋۇرتۇتالا يېزىسىدا ئۇدا كۆپ يىل ئېغىر، چوڭ جىنايى ئىشلار دېلوسى يۈز بەرمىگەن.

لىيۇ خېيۋاڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئامما ئۇنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزلۈكىدىن تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى تەشكىللىگەن.

1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى يولداش لىيۇ خېيۋاڭغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن، 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يولداش لىيۇ خېيۋاڭنى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلغان.

بۈگۈنكى كۈندە، لىيۇ خېيۋاڭ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان خابىرىگا يېزىلىق ساقچىخانىنىڭمۇ قىياپىتى يېڭىلىنىپ، ئەينى يىللىدىكى بىر ئېغىزلىق كىچىك كېسەك ئۆيدىن ھازىرقى ئىشخانا كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىككى قەۋەتلىك بىناغا ئايلاندى، ئەسلىدىكى بىر خەلق ساقچىسىدىن تەرەققىي قىلىپ، ھازىر يەتتە خەلق ساقچىسى بار ساقچىخانىغا ئايلاندى.

«مەن ئىنقىلابىي قۇربان لىيۇ خېيۋاڭنىڭ پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتەك ئېسىل پەزىلىتىدىن ئۆگىنىپ، خىزمەتتە ئىنقىلابىي قۇربان لىيۇ خېيۋاڭنىڭ ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش، قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىقتەك ئالىيجاناب روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتتە ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆز خىزمىتىمنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، بىر نەپەر لاياقەتلىك خەلق ساقچىسى بولىمەن» دېدى خابىرىگا بازارلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى ۋېن جيې.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى سەۋىيەسى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق تارماقلىرى باش تېما تەربىيەسىدە يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، بىلگەن ھامان تۈزەتتى، دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزەتتى. «كېسەلنى كونترول قىلىش مەركىزى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىلاردا دىياگنوز قويۇش، باشقۇرۇش، ئاساسىي قاتلام شىپاخانىلىرى دورا ئىچىش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ ئىگىلەش»تىن ئىبارەت «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش» بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئەندىزىسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى. ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاغرىقلارنى بايقاش، ھەقسىز دورا بىلەن داۋالاشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرىكەتچان ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، كۆپ خىل دورىغا چىدامىلىق ئۆپكە تۇبېركۇليوزىنى داۋالاش، ئاتچوت قىلىش سىياسىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 13 تۈرلۈك ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش تۈرىنىڭ ھەممىسىنى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنىڭ يۈكىنى ئۈنۈملۈك يېنىكلەتتى.

تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش بىلىملىرىنى بىلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش بىلىملىرى، داۋالاش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەت تەشۋىقات ۋەرەقىسىدىن 300 مىڭ پارچىنى تەييارلاپ ھەم بېسىپ، ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا تارقىتىپ بەردى؛ مائارىپ تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئائىلە باشلىقلىرىغا ئەۋەتىلگەن بىر پارچە خەت قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىغا ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش بىلىملىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى ھەم كەسپىي خادىملارنى ئالىي مەكتەپ ۋە كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىگە بېرىپ مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەشكە ئاجرىتىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى.

ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنى يۇقۇملىنىش مەزگىلىدە مەركەزلەشتۈرۈپ ئايرىپ داۋالاش، يۇقۇملىنىش مەزگىلىدە بولمىغان ئاغرىقلارنى «مەركەزلەشتۈرۈپ دورا ئىچكۈزۈش + ئوزۇقلۇق ناشتىلىقى»دەك ئۆيدە داۋالاش قاتارلىق بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ئارقىلىق، بايىنغولىن ئوبلاستى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، يۇقۇملانغان ئاغرىقلار سانى، مۇسبەت يۇقۇملۇق ئاغرىقلار سانى، دوكلات قىلىنغان ئاغرىقلار سانى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، ئاممىنىڭ ساغلاملىق ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

قومۇل شەھىرى باش تېما تەربىيەسىدە شەھەر، رايون(ناھىيە)، يېزا(بازار، كوچا)، كەنت(مەھەللە)تىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تورى بەرپا قىلىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنى پۈتۈن جەريانلىق داۋالاش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنىڭ ئائىلە دوختۇرى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاش مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، ئاغرىقلارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ھەم قويۇق ئۇچراشقان كىشىلەرنى تاللاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. پۈتۈن شەھەردە 86 «مەركەزلەشتۈرۈپ دورا ئىچكۈزۈش + ئوزۇقلۇق ناشتىلىقى نۇقتىسى» قۇرۇپ، ئادەتتىكى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنى داۋالاشتا ناھىيەدىن چىقماسلىق نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. نۆۋەتتە، قومۇل شەھىرىدە ئۆپكە تۇبېركۇليوز ئاغرىقلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش نىسبىتى 97.48%كە، مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاش نىسبىتى 94.07%كە يەتتى.

قومۇل شەھەرلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر سائادەت ئەمەت مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، بىز داۋاملىق ‹3 + 3 + 1› خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى كۈچەپ ياخشى قىلىپ، خىزمەت سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىمىز».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)